السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى، ساھابىلار: سىلى ئۇلاپ تۇتىدىلىغۇ؟ دېگەندە، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىمەن، دېدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى، ساھابىلار: سىلى ئۇلاپ تۇتىدىلىغۇ؟ دېگەندە، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىمەن، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە رەھىمدىللىك قىلىپ ئۇلارنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى، لېكىن ساھابىلار ئىبادەتكە، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارغا ھېرىسمەن بولغاچقا، ئۇلاپ روزا تۇتۇشتا رەسۇلۇللاھقا ئەگەشمەكچى بولدى، ۋە: سىلى ئۇلاپ تۇتىدىلىغۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا دېدىكى: مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، دۇنيا تاماقلىرىنى يېمىسەممۇ مىنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن ئاللاھ تەمىنلەپ تۇرىدۇ. كىمكى ئۇلاپ روزا تۇتماقچى بولسا سوھۇرلۇققىچە يىمەي، سوھۇردا بىر نەرسە يەپ تۇتسۇن، دېدى. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يولى كەڭ ۋە ئاسان، جاپا ۋە مۇشەققەت يوق، چېكىدىن ئاشۇرۇشىش ۋە چۈڭقۇرلاش يوق، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئىنسان ئۆز نەپسىنى قاتتىق چارچىتىپ ئازاپلىغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەكلىپ قىلمايدۇ. ئاسان ۋە قۇلايلىق بولۇش بىر ئىشنىڭ داۋاملىشىپ مېڭىشىغا پايدىلىق ۋە مالاللىق ۋە زېرىكىشلىكتىن خالى قىلىدۇ. ھەم ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئادالەت با، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا پەرىز قىلغان ئىبادەتنىمۇ جايىدا ئادا قىلىپ، ئىنسان نەپسىنىڭ زورۇر ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4524

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee